ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# كىچىك پارتىزان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

ۋاڭ يۈەنجيەن

# كىچىك پارتىزان

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئېلى تۇراق
ئالىمجان ئىسمائىل

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

小游击队员/王原坚编著；艾力·吐拉克，阿里木江·司马义译．
—乌鲁木齐： 新疆人民出版社，2006.5(2007.4重印)
(少年红色经典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 10135-1

Ⅰ．小… Ⅱ．①王… ②艾… ③阿… Ⅲ．儿童文学 — 革命故事—中国—当代— 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．I287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 049269 号

策　　划：艾克巴尔·艾力
责任编辑：依明江·艾木都拉
责任校对：阿达来提，米丽古丽

**小游击队员**（维吾尔文）

艾力·吐拉克
阿里木江·司马义　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：　830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　5.25 印张　2 插页
2006年 7月第1版　2007年 4月 第2次印刷
印数：4061—7060

ISBN 978-7-228-10135-1　定价：9.00元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版,2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت، مېھرىگۈل

# كىچىك پارتىزان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى تۇراق
ئالىمجان ئىسمائىل

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 7060 — 4061
ISBN978-7-228-10135-1
باھاسى: 9.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىلەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈمدىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سائدا ھەم كۈچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، توقۇ-نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىل-لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلار-نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجا-دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېقىملىق تۇيغۇسى ۋە ئوقۇش-چانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدى-لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇس-لۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستې-تىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرى-مانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىن-لىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىن-قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈز-لۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈ-مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

كىچىك پارتىزان ........................................ 1
دالىدىكى ئۇچقۇن ........................................ 32
قىسمغا يېتىشىۋېلىش ........................................ 68
سەپەر ........................................ 95
ئىزباسار ........................................ 129



# كىچىك پارتىزان

بۇ 1935 ـ يىلى يازدىكى ئىش.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلان-
غاندىن كېيىن، سەيشىغا قايتىپ كەلگەن پومېشچىكلار، يەرلىك
زومىگەرلەرنىڭ قورالىلىق گۇرۇھلىرى ھەددىدىن بەكلا ئېشىپ
ئىجارە ھەققىنى كۆپەيتىۋەتتى، يەرلەرنى تارتىۋالدى، ئىنقىلابىي
ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلدى، ھەتتا ئىنقىلابچىلارنىڭ ئائىلە
تاۋابىئاتلىرىنى ياقا - يۇرتلارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىپ، خەلق ئال-
دىدا تۈگەتكۈسىز قان قەرزگە بوغۇلدى. بولۇپمۇ ئۇ يەرگە باندىت
لى يۈتاڭنىڭ 3 ـ شىسىنىڭ بىر پېيى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن
كېيىن، دۈشمەن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى، «خوجايىنلار گو-
روھى» نىڭ كاتتىۋېشى سۇن شۇنشۇەن: «بۇ خەقنىڭ نەسلىنى
يېڭىلىماي بولمايدۇ، بۇ ئىنقىلابىي تايانچ بازىدىكى خەقنى يەت-
مىش پۇشتىغىچە قىرىۋېتىش كېرەك» دەپ جار سالغىلى تۇردى.
دۈشمەننىڭ «نوخلىسى»نى ئېلىپ قويۇپ، ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ
ئۆچىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز پارتىزانلار ئۇزۇن مۇساپىنى
بېسىش داۋامىدا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىد-
نىپ، بۇ بىر ئوچۇم باندىتلارنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدۇق.
مۇشۇنداق قىلساق، قىزىل ئارمىيە پارتىزانلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى
ئاشۇرۇپلا قالماي، قىسمەن قورال - ياراغ، ئوق - دورا مەسلە-

سىنىمۇ ھەل قىلالايتتۇق.

ئەينى چاغدا، بىزنىڭ كۈچىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر چوڭ ئۇرۇش ھېسابلىناتتى. دۈشمەن مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، كەنت ئەتراپىغا ئېگىز ـ ئېگىز سېپىللارنى سېلىۋەتتى، كۆز يەتكۈدەكلا بىر جايغا پوتەي سېلىۋالدى، زورىغا ھۇجۇمغا ئۆتسەك بولمايتتى، شۇڭا، ئاۋۋال دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن قول سېلىشىمىزغا توغرا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋەزىپە ماڭا ــ رازۋېدكىچى بەنجاڭغا يۈكلەندى.

بىز پارتىزانلار تۇرۇۋاتقان تاغدىن سەيشى دېگەن يەرگە 70 چاقىرىمدەك كېلەتتى، مەن تاڭ سۈزۈلمەستىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئادەمزاتسىز ئورمانلىقتىكى بىر چىغىر يولنى بويلاپ، سەيشى تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. تاغ يولى بەكلا ناچار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاغدا ئۇزۇن تۇرۇۋەتكەنلىكىمدىن، تۇزۇكرەك ئۇخلىماي، ئاچ ـ توق يۈرۈۋەرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، تېنىممۇ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، 40 چاقىرىمدەك يول يۈرۈپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ ماڭالماي قالدىم. قارىسام كۈنمۇ قايرىلماپتۇ، تۈزۈكرەك بىرەر جاينى تېپىپ ئارام ئېلىۋالغۇم كەلدى، تەلىيىمگە ئالدىمدىلا بىر بۇتخانا ئۇچراپ قالدى، ئىتتىك بېرىپ ئەتراپقا نەزەر سالسام، بىرەرى چىلىقمىدى، ئىشىكنى ئىتتىرىپلا ئىچىگە كىردىم. ھەقىقەتەن بىخەستەلىك قىپتىمەن، ئادەم خەۋپ ـ خەتەرنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزۈپ كەتسە، ھەممىلا ئىشتا بىپەرۋا بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ قېتىم ئويلىمىغان يەردىن ئاۋارىچىلىككە يولۇقتۇم: تاغ ئىلاھىنىڭ بۇتى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە ئۇچىسىغا ساپلا كۆل رەڭ تېرىنى يېپىنچاقلىۋالغان بىر مۇنچە ئادەم ـــ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى

ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن بىر نەچچىسى قارتا ئويناۋېتىپتۇ، ئىشىك تۈۋىدە شەپكىسىنى قىيسىق كىيىپ، ئاغزىغا تاماكا قىستۇرۇپ ئولتۇرغان بىرەيلەن قارىداپ كەتكەن ئىككى تال قارتىنى كۆتۈرگىنىچە كۆزلىرىنى كالىنىڭ كۆزىدەك چەكچەيتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋالاقلاۋېتىپتۇ.

- بۇ مۇتتەھەملەر كېلىش مۇددىئايىمنى پەملىگەن بولسا كېرەك، ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى، بەزىلىرى ئالمان ـ تالمان پۇلغا قول ئۇزاتسا، بەزىلىرى كەينىگە داجىشتى، يەنە بەزىلىرى تاپانچىلىرىنى چىقىرىشقا تەمشەلدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ، بۇ مۇتتەھەملەرنىڭ كۆزىنى بويىيالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ـ دە، يېنىمدىكى ماۋزېرىمنى چىقىرىپ، ئادەم كۆپرەك جايغا قارىتىپ ئېتىۋەردىم. ئاندىن ئىشىكتىن چىقىپ دىسكىنى ئالماشتۇرغاچ، قاقاس تاغقا قاراپ يۈگۈردۈم.

قېچىپ بىر چاقىرىمدىن يىراقراق جايغا بارغاندا، ئالۋاستىلار كەينىمدىن قوغلاپ كەلدى، ئوق قۇلاق تۈۋىمدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى، دەرەخ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگىلى، تاشلاردىن ئاق تۈتۈن كۆتۈرۈلگىلى تۇردى. قارىسام ئۇلار يېنىمغىلا كېلىپ قاپتۇ. توختاپ ئۇلار بىلەن بىر پەس ئېلىشاي دەپ تۇرۇشۇمغا سول بىلىكىم ئىسسىغاندەك بىلىندى، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، پۇتۇممۇ بوشىشىپ كەتتى، ئۆزۈمنى خۇددى پاختا ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىشقا باشلىدىم، چاتاق بوپتۇ، يارىلىنىپتىمەن. نېمىلا بولمىسۇن، سەنلەرگە تىرىك تۇتۇلمايمەن! دېگەن ئوي خىيالىمغا كەلدى ـ دە، تاپانچامنى بېلىمگە قىستۇرۇپ، يەنە بىر نەچچە قەدەم ئىلگىرىلىدىم، قارىسام بىر قىياغا كېلىپ قاپتىمەن، بىر دومىلاپلا چۈشۈپ كەتتىم. بەدىنىمگە تاش پارچىلىرىنىڭ قاتتىق پاتقانلىقىنىلا بىلىمەن، كېيىن تاغ باغرىنى بويلاپ

پەسكە دومىلاۋېرىپتىمەن.

دەسلىپىدە، شاخ ـ شۇمبىلار يۈزلىرىمنى جىرىغان، تاش ـ شېغىللار بەدەنلىرىمگە پاتقانىكەن، ئاغرىقنىمۇ سېزىپ تۇردۇم؛ كېيىن، ئاسمان ـ زېمىن پىرقىراشقا باشلىدى، قانچىلىك دوملىغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، بىر سىلكىنىپ توختاپ قالدىم. ئېرىسىمگە كېلىپ قارىسام كىچىكرەك بىر دەرەخكە ئىلىنىپ قاپتىمەن. شاخنى قايرىسام هاڭنىڭ تېگى كۆرۈندى؛ ئۈستۈمدە ئىككى ـ ئۈچ يۈز مېتىر ئېگىز قىيا، ئۇنىڭ ئۈستىدە قىيا بېشى تۇرۇپتۇ، قىيا ئېگىز بولغاچقا، باشقا هېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، پەقەت دۇشمەننىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تاپانچامنى قولۇمغا ئېلىپ، دەرەخ ئارىسىغا يوشۇرۇندۇم. بەربىر قېچىپ كېتەلمەيدىغان بولدۇم، چۈشۈپ بېقىشقا قېنى، جېنىمنى ئېلىپ يېنىمدا قويمايدىغان بولسام، دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇراتتىم، تۇساتتىن كەينى تەرىپىمدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ كەتتى، چۆچۈپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم ـ دە، تاپانچامنى شەپە چىققان تەرەپكە توغرىلاپ بوش ئاۋازدا:

— كىم سەن ! — دەپ ۋارقىرىدىم.

— تاغا، بۇ مەن ! — دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن بىر بالىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەن، چاچلىرى پاخپىيىپ چاڭگىغىلا ئوخشاپ قالغان، قارا هەم ئورۇق كەلگەن قاڭشارلىق ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزى ئەتراپىنى توختىماي كۆزىتەتتى. ئۇ دەرەخ ئارىسىدىن قىسىلىپ چىقىپ، ئىتتىك ئالدىمغا كېلىپ بىلىكىمنى تۇتتى ـ دە:

— تاغا، تېز، تېز بولۇڭ، ئالۋاستىلار چۈشۈۋاتىدۇ ! — دېدى.

ئۇ جاۋابىمنى كۈتمەيلا، يارىلانغان سول بىلىكىمنى مۇرد-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سىگە ئارتتى. شۇ چاغدا باشقا ئامالمۇ بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ياردىمىدە دەرەخلىكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاش - شېغىل، يىلتىزلارنى دەسسەپ يۈرۈپ، قىيانىڭ تېگى تەرىپىگە قاراپ ماڭدىم؛ مېڭىش ئەپسىزرەك جايلارغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئارتىلىپلاۋالاتتىم، ئۇ چىشىنى چىشلەپ، مىنىڭ تەسلىكتە مېنى يۆلەپ ماڭاتتى. قىيانىڭ تېگىگە يېتەي دېگەندە، بالا لىڭشىپ قالغان بىر تاشقا دەسسىۋېلىپ، ۋارقىرىغىنىچە غۇلاپ كەتتى، مەنمۇ سىيرىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتۈم. مەن بىر پەس بىئارام بولغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى يۆلىدىم، ئۇ ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قورققىنىدىن تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ بىلىكىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— تاغا، بەك چۈشۈپ كەتتىڭىز - ھە! — دېدى.

— ياقەي، شۇغىنىسى ئۈستۈڭگە يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بېشىدىكى ئىششىقنى سىلاپ تۇرۇپ، — قىيانىڭ تېگىگىمۇ يەتتۇق، ئەمدى ئۆزۈم مېڭىۋېرەي.

ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ، گەپمۇ قىلماي، مېنى قولتۇقلىغىنىچە ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇ يولنى پىششىق بىلسە كېرەك، بىر ئېرىقتىن ئۆتۈپ، قويۇق ئۆسكەن بىر قومۇشلۇققا كىردى. بىز قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگىرەك كىرىپ، قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلۈكتە توختىدۇق. پاخال يېپىلغان، ئىت كاتىكىگىلا ئوخشايدىغان بۇ يەر ئۇ ئۇخلايدىغان يەردەك قىلاتتى، ياندا كونىراپ كەتكەن بىر ئورغاق، چالا يېپىلگەن بېھى تۇراتتى. ئۇ مېنى پاخال ئۈستىگە ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ:

— تاغا، سىز مۇشۇ يەردە تۇرسىڭىز ئالۋاستىلار تاپالمايدۇ! — دېدى. مەن ئامالسىز ياتتىم. چۈنكى قولۇمدىكى ئاران تۇتقان يارا ئېغىزى يولدىكى ئالدىراشچىلىقتا ئېچىلىپ كېتىپ، قا-

ناپ كېتىپتۇ. بىرەر نەرسە تېپىپ تېگىشلىشنى ئويلاپ تۇرسام، بۇ بالا بىر پۇچقىقنى «شارت»تىدە يىرتىپ، يارامنى تېڭىشقا باشلىدى. ئۇ يارامنى تاڭغاچ، لاتا ئۇستىگە تەپچىپ چىقىۋاتقان قاننى بېھى پوستىغا يىغقىلى تۇردى. مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— بۇ قاننى ئېلىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟

— ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئادەمنىڭ قېنى ياخشى نەرسىكەن، يارىڭىزدىن بەك كۆپ قان چىقىپ كەتتى، بۇ قاننى ئىچىۋەتسىڭىز، قېنىڭىز يەنە كۆپىيىدۇ — دە، ھېچنېمە بولمايسىز.

— ھەي ئەخمەق، ئادەمنىڭ ئادەم قېنى ئىچكىنىنى سەن نەدە كۆرگەن؟ — دېدىمىۇ، كۆلكەمنى باسالماي قالدىم. ئۇ بېشىنى قىيسايتىپ ماڭا قاراپ، مېنىڭ قاننى راستىنلا ئىچمەيدىغانلىقىمنى پەملىگەن بولسا كېرەك، يېرىم بېھىنىڭ پوستىدىكى قاننى غا قاراپ، خىجىللىقتىن كۈلۈۋەتتى.

يارام تېڭىلىپ بولدى. قولىقىم سىرتتا ئىدى، قىيا ئۇستىدىكى دۈشمەنلەر توختىماي چۇقان — سۈرەن سېلىشىۋاتاتتى.

بالا بىر پەس ساراسىمىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— تاغا، مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن بېرىپلا كېلەي!

مەن ئۇنى تۇتۇپ قالالمىدىم، ئۇ بېھى پوستىنى ئېلىپ، ئېتىلىپ چىقىپ بىر نەچچە قەدەم يۈگۈرگەندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ، ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر پاي ئايىغىنى سالدۇرۇۋېتىپ:

— تاغا، مەن ئىشلىتىپ تۇراي، ھەرگىز كېتىپ قالماڭ، مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن جۇمۇ! — دېگىنىچە، قومۇشلۇقتىن توشقاندەك سەكرەپ چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بالىنىڭ بۇ ئىشلىرى بەكلا ئۈشتۈمتۈت يۈز بەرگەچكە، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ نېمە قىلغىلى كەتكەندۇ؟ ناۋادا دۈشمەنگە ئۇچراپ قالسا قانداقمۇ قىلار؟... ئويلىغانسېرى خاتىرجەملىكىم بۇزۇلۇشقا باشلىدى. مەن ئورنۇمدىن تەستە تۇ- رۇپ، بامبۇك تاياقنى تايىنىپ قومۇشلۇقنىڭ چېتىگە چىقتىم — دە، بىر توپ كۆچەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، تاپانچامنى ئالۋاستىلارغا توغرىلاپ ياتتىم.

چۈش قايرىلدى، بالا تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. شۇ ئەسنادا، دۈشمەنلەر قىيانىڭ تېگى تەرىپىدىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانمىغى- نىنى كۆرۈپ، ئادەملىرىنى پۈتىدىن باغلاپ پەسكە چۈشۈرۈپ، تاغ باغرىغىلا كېلىپ قالدى. بۇ بالا نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلىغان- سېرى جىددىيلىشىپ، تاپانچىنى قولۇمغا ئالدىم. شۇغىنىسى، دۈشمەنلەر بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار باش- لىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدىمەكتە، بەلكىم مېنىڭ ئوت — چۆپلەر ئۈستىدە قالدۇرغان ئاياغ ئىزىمنى ۋە يارامدىن ئاققان قان ئىزىنى ئىزدەۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلار مەن تەرەپكە ماڭمىدى، ھەتتا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قوي- ماي، قارشى تەرەپتىن جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى. كېيىن ئۈششاق دەرەخلەر توسۇۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرەلمەي قالدىم، «ئەجەبا، ھېلىقى بالا يوشۇرۇنۇۋالغانمىدۇ؟» مەن ئېتىشقا قولايلىقراق بىر يەرگە مىڭ تەسلىكتە سۈرۈلۈپ بېرىپ، ئەتراپنى كۆزەتتىم، ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش، دۈشمەنلەر جىلغى- دىمۇ توختىماي، ئۇدۇلدىكى دۆڭگە چىقىپ بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئايلىنىپ دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ غەلىتە ياۋايى بالىنىڭ «ئۆيى» دە بىر دەم تۇرۇپ باقاي، ئەگەر ئۇ كەلمەي قالسا بۇ يەردىن كېتەي، دېگەن ئوي بىلەن،

قومۇشلۇقتا ئىككىلىنىپرەك كىردىم. مەن پاخال يېپىتىلغان
يەرگە كېلىشىمگە بىر دۆۋە ئوت ـ چۆپ شىلدىرلاپ كەتتى، قا-
رىسام ھېلىقى بالا ! ئۇ بېشىغا ئوت ـ چۆپتىن ياسالغان چەم-
بىرەك كىيىپ، ئۇچىسىغا پاخال يېپىنچا ئارتىپ، كىرپىگىلا
ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇ يېشىنى ئېقىتىپ مېنى ئىزدەپ يۈرگەنىكەن.
ئۇ مېنى كۆرۈپلا پاخال يېپىنچىسىنى تاشلىۋېتىپ، ئالدىمغا يۈ-
گۈرۈپ كەلدى ۋە ئاغرىنىش تەلەپپۇزىدا:
— تاغا، سىز نەگە كەتتىڭىز؟ ئادەمنى ئىزدىتىپ ! — دې-
دى.

مەنمۇ خۇددى دىدارلاشمىغىلى ئۇزۇن بولغان قېرىندىشىمنى
كۆرگەندەك، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتىم. مەن ئۇنىڭ كى-
يىملىرىنىڭ جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى، يۈز ـ كۆزى،
قوللىرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:
— سەن نېمە قىلغىلى بارغانتىڭ؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورى-
دىم.
— ئالۋاستىلارنى ئازدۇرغىلى بولمامدۇ ! — دېدى ئۇ، — يا-
رىڭىزدىن تامغان قان ئىزلىرىغا توپا سېپىۋەتتىم، سىز دوملاپ
كەتكەندە بېسىۋەتكەن ئوت ـ چۆپلەرنى تۈزلىدىم. يەنە باشقا يەردە
سىزدەك بىر دومىلىدىم ـ دە، ئوت ـ چۆپلەرنى ياتقۇزۇۋەتتىم،
شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستىلار سىزنى بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلمىدى.
— بەكلا تەۋەككۇلچىلىك قىپسەن، ئالۋاستىلار كۆرۈپ قال-
سا...
— جۇغۇم كىچىك بولغاندىكىن، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغىمۇ
چۆكۈپلا كېتىدىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇمۇ بار، — دېدى
ئۇ ئايىغى ئاستىدىكى ئۆز ياسىۋالغان قوغدىنىش كىيىمىنى
كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن ئۇلارنىڭ سىزنى ئىزدەۋېرىپ

قىيىپ قىلىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرنى ئاختۇرىۋېرىشىدىن ئەنسەرەپ، ئاۋۇ تەرەپتىكى تاغقا چىقىپ، قىنىڭىزنى كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان بىر تاشتىن باشلاپ ھېلىقى جىلغىچە سەپكەندىن كېيىن، بىر قورام تاشنى قان سەپكەن تەرەپكە قارىتىپ دومىلىتىۋەتتىم. ھە راست، تاغا، سىزنىڭ ھېلىقى بىر پاي ئايىغىڭىزنىمۇ جىلغىغا تاشلاپ قويدۇم، بىز مەھەللىدە مۆكۈشمەك ئوينىغاندا شۇنداق قىلاتتۇق. ئاپلا...... ئەمدى پۇتىڭىزغا نېمە كىيەرسىز؟

ئاياغ قالسا قالامدۇ، شۇ تاپتا مەن، بۇ بالا قىسقىغىنا ۋاقىتتا نېمىدېگەن چوڭ ئىشلارنى قىلىۋەتكەن ـ ھە، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ھاياجانلانغىنىمدىن خېلىغىچە ئاغزىم گەپكە كەلمەي، ئارانلا:

— قورقمىدىڭمۇ؟ — دېيەلىدىم.

— نېمىدىن قورقاتتىم؟ — دېدى ئۇ ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ كۆرەڭلىگەن ھالدا، — موگۇ تېرىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئالۋاستىلارنىڭ قېشىغىمۇ باردىم تېخى، ئۇلار مەندىن، بىرەرى بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟ دەپ سورىغانتى، كۆك كەمزۇل كىيگەن بىرىمۇ؟ ئاۋۇ تاغ تەرەپكە كەتتى دەپ قويۇپ، بىر يوغان دەرەخكە چىقىپ قاراپ تۇرسام، ئالۋاستىلار راستتىنلا شۇ تاغ تەرەپكە سىزنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ سەبىي چىرايىغا قارىغىنىمچە، ئۇنىڭ يۈرەكلىكلىكى، ئاقىلانىلىكىش ـ ئىزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، قەلبىم ئۆرتىنىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىر پەس تۇرۇۋېتەكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئۇكام، سېنى جاپاغا قويۇپتىمەن ! — دېدىم.

بۇ گېپىمدىن ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى بولغاي، ئېڭىشكىنىچە ئالدىمغىراق سۇرۇلدى ھەمدە بىلىكىمنى ئاۋايلاپ سىلاپ تۇرۇپ:

— يارىڭىز يەنە ئاغرىۋاتامدۇ، تاغا، — دەپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— ياق، ئاغرىمايۋاتىدۇ، — دېدىم مەن. دېمىسىمۇ، قان توختىغاندىن كېيىن ئاغرىقمۇ پەسەيگەنىدى.

ئۇ ئىشەنمەي بېشىنى چايقىدى:

— مېنى ئالدىماڭ! ئوت - چۆپ ئورىغاندا قول ئېھتىياتسىزلىقتىن كىچىككىنە جىرىلىپ كەتسىمۇ نەچچە كۈن ئاغرىيدىغان تۇرسا، سىزنىڭ بۇنچە يوغان يارىڭىز ئاغرىماي قالامتى؟ سىز قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بولغاچقا، چىشىڭىزنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتقانسىز شۇ! ئىلگىرى بىز ئۆسمۈر رازۋېدكىچىلار ياردار قىزىل ئارمىيە تاغىلىرىمىزغا چاي ئىچكۈزۈپ قوياتتۇق، ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش يارىسى شۇنچە ئېغىر تۇرۇقلۇق ئىڭرايمۇ قويمايتتى.

— راست، ئاغرىمايۋاتىدۇ! — دېدىم مەن كۈلۈپ، — مېنىڭ قىزىل ئارمىيە ئىكەنلىكىمنى نەدىن بىلدىڭ؟ ئەسكى ئادەم بولۇپ چىقمەمەنمۇ تېخى!

— ياق، مەن بىلىمەن، سىز چوقۇم قىزىل ئارمىيە!

— قانداق بىلدىڭ؟ — دېدىم مەن ئۇستۇۋېشىمغا بىرەر قۇر سەپسالغاچ، رازۋېدكا قىلىشقا قولايلىق بولسۇن دەپ، پوقىراچە كىيىنىۋالغانىدىم، كىيىم - كېچەكلىرىمدە قىزىل ئارمىيىنىڭ ھېچقانداق بەلگىسى قالمىغانىدى.

— باشقىلارنى ئالدىيالىغىنىڭىز بىلەن، مېنى ئالدىيالمايسىز دەيمەن! — دېدى ئۇ ماختانغان ھالدا، — مەن بۇ ئورما-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com